## 109343 ـ تاۋاپ قىلىۋېتىپ شەك قىلغان بولسا، سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىش كېرەك بولامدۇ ؟

### سۇئال

بىر كىشى تاۋاپ قىلىۋېتىپ تاۋاپىنىڭ نەچچە بولغانلىقىدا شەك قىلىپ قالسا، تاۋاپنى ناماز دەپ ئېتىبارغا ئېلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن سەھۋەنلىك سەجدىسى قىلىش كېرەك بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇنىڭ ئۈچۈن سەجدە قىلىنمايدۇ، چۈنكى تاۋاپتا سەجدە بىلەن ئىبادەت قىلىنمايدۇ، تاۋاپ ئىبادىتىنىڭ ئەسلىدە سەجدە بولمىغان تۇرسا، ئۇنىڭدا شەك قىلىپ قالسا، قانداقمۇ سەجدە قىلىنىدۇ؟!. ئەسلىدە سەجدە بولمىغان ئىبادەت قانداقمۇ سەجدە بىلەن تولۇقلىنىدۇ؟!. ["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋاسى"22-توم 347-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.